# كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرىپ ئوقۇسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىگە كۆپەيتىلىدۇ

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرىپ ئوقۇسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىگە كۆپەيتىلىدۇ، ‹ئەلىف، لام، مىم› بىر ھەرىپ دېمەيمەن. لېكىن ئەلىف بىر ھەرىپ، لام بىر ھەرىپ، مىم بىر ھەرىپتۇر

[ھەسەن] [تىرمىزى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرىپ ئوقۇسا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق بولىدىغانلىقى، ئۇ ياخشىلىق ئون ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىيادە بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن: «‹ئەلىف، لام، مىم› بىر ھەرىپ دېمەيمەن. لېكىن ئەلىف بىر ھەرىپ، لام بىر ھەرىپ، مىم بىر ھەرىپتۇر»دېگەن سۆزنى بايان قىلىپ بۇ ئۈچ ھەرىپنىڭ ساۋابىنىڭ ئوتتۇز ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6275